## 9607 ـ ھەق دىنىنىڭ سۈپەتلىرى

### سۇئال

توغرا دىنىنىڭ سۈپەتلىرى قايسى ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن

بىر ئەقىدىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى ھەقىقەت دەپ قارايدۇ . بىر دىنغا ئەگەشكۈچى ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىنى ئەڭ ياخشى دىن ۋە ئەڭ توغرا يول دەپ ئىشىنىدۇ . سىز ھەقتىن بۇرالغان دىنغا ئەگەشكۈچىلەر دىن ياكى ئادەم تۈزگەن قائىدە ـ يۇسۇنلارغا ئەگەشكۈچىلەردىن ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ دەلىلىنى سورىسىڭىز ، ئۇلار سىزگە ئاتا ـ بوۋىلىرىنى مۇشۇ يولدا بايقىغانلىقىنى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىزىغا ئەگىشىۋاتقانلىقىنى دەيدۇ . ئاندىن ئۇلار سىزگە ساغلام ئاساسى بولمىغان ، تېكىستلىرى خاتالىقلار ۋە زىتلىقلاردىن خالى بولمىغان ھىكايىلەرنى ۋە رىۋايەتلەرنى سۆزلەيدۇ . ئۇلار كىمنىڭ يازغانلىقى ياكى دىگەنلىكىنى ، ياكى ئەسلىدە قايسى تىلدا يېزىلغانلىقى ياكى قايسى جايدا تېپىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇرۇنقىلاردىن مىراس قالغان كىتاپلارغا تايىنىدۇ . ھەمدە ئۇ نىمىلەر بولسا پەقەت كىشىلەر تەرىپىدىن توپلانغان ئاندىن ئۇلۇغلانغان ، ئاندىن تېكىستىنىڭ مەنبىيى ياكى تېكىستىنىڭ ئۆزى مۇۋاپىق ئىمىي تەكشۈرۈلمەستىن ، ئەۋلادتىن –ئەۋلادقا مىراس قالغان ئارلاشمىلار .

بۇ نامەلۇم كىتاپلار ، ھىكايىلەر ۋە قارغۇلارچە دوراشلار دىنلار ۋە ئېتىقادلارنى ئۆنۈملۈك ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ . بۇ بارلىق ھەقتىن بۇرالغان دىنلار ۋە ئىنسان ئەنئەنىلىرى توغرىمۇ ياكى خاتا؟

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، چۈنكى ھەقىقەت نۇرغۇن بولماستىن ، بىرلا بولىدۇ . ھەمدە بۇ بارلىق ھەقتىن بۇرالغان دىنلار ۋە ئىنسان ئەنئەنىلىرى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بولۇشى ياكى ھەممىسىنىڭ راست بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . ئەگەر ئۇلار كۆپ ، ھەقىقەت بىرلا بولسا ، ئۇنداقتا قايسىسى ھەقىقەت ؟ شۇڭا بىز ھەقىقى دىنىنى ساختا دىندىن پەرق ئېتىدىغان كۆرسەتمىلەر بولۇشى كېرەك . ئەگەر بىز بۇ كۆرسەتمىلەرنىڭ بىر دىنغا ماس كەلگەنلىكىنى بايقىساق ، ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . ئەگەر بۇ كۆرسەتمىلەر ياكى ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ دىندا بولمىسا ، ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز .

ھەقىقى دىن بىلەن ساختا دىنىنى پەرىقلەندۈرىدىغان كۆرسەتمىلەر :

1– دىن ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بولۇشى ، ئۇنى بەندىلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنىڭ بىرى ئارقىلىق ئەلچىلىرىنىڭ بىرىگە ۋەھيي قىلىنغان بولۇشى كېرەك . چۈنكى ھەقىقى دىن ـ ئاللاھنىڭ دىنى. ھەمدە ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى سوتلايدىغان ، ئۇلارغا ۋەھيي قىلىنغان دىن بويىچە ئۇلار بىلەن ھىساب ـ كىتاپ قىلىدىغان بىردىن بىر زات . ئاللاھ مۇنداق

دىگەن : بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھى قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق . [ نىسا( ئاياللار) : 163 ] ، « سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار دەپ ۋەھيى قىلدۇق .» ، بۇنىڭغا بىنائەن ، قايسى بىر دىننى مەلۇم شەخس ئىلىپ كىلىدىكەن ھەمدە ئۇنى ئاللاھقا ئەمەس ، بەلكى ئۆزىگە تەۋە قىلىدىكەن ، شۈبھىسىزكى ئۇ دىن – ساختا دىن .

2- يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشى ۋە شىرىكنى ( كۆپ ئىلاھىزىم) چەكلىشى ، ۋە ئۇنىڭغا ئىلىپ بارىدىغان يوللارنى چەكلىشى كىرەك . ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تەشۋىق قىلىش بولسا بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ دەۋىتىنىڭ ئاساسى ھەمدە ھەر بىر پەيغەمبەر خەلقىگە مۇنداق دىگەن : ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار ، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق . [ ئەئىراف( ئىگىزلىك) : 73 ] بۇنىڭغا بىنائەن ، قايسى بىر دىن شىرىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن ، ھەمدە ئاللاھقا پەيغەمبەر ،ياكى پەرىشتە ، ياكى بىر ئۇلۇغ شەخسنى( ئەۋلىيانى) شىرىك قىلىدىكەن ، گەرچە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىگە تەۋە قىلىسىمۇ ، ئۇ بەرىبىر ساختا دىن .

3- ئۇ ئەلچىلەر تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدىغان پىرىنسىپلارغا بىردەك بولۇشى كىرەك . مەسىلەن ، يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ، كىشىلەرنى ئۇنىڭ يولىغا چاقىرىش ، شىرىك ، ئاتا_ئانىغا ئىتائەتسىزلىك قىلىش ، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ، ئاشكاراۋە يۇشۇرۇن بۇزۇق ئىشلاردىن چەكلەش . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : « سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار دەپ ۋەھيى قىلدۇق .» [ ئەنبىيا( پەيغەمبەرلەر) : 25 ] « ئېيتقىنكى، سىلەر كېلىڭلار (ئاڭلاڭلار)، الله ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا_ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئ�لتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئ�لتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئ�لتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ . [ ئەنئام( چاھارپايلار ) : 151 ]

سەندىن بۇرۇن بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزدىن سوراپ باققىنكى، مېھرىبان الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلىدۇقمۇئ� (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە الله دىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىنى بارمۇ؟ [ زۇخرۇف( ئالتۇن بىزەكلەر) : 45 ]

4- ئۇنىڭ بىر قىسمى يەنە بىر قىسمىغا زىت بولماسلىقى كىرەك . شۇندا بىر بۇيرۇقنى چىقىرىپ ، يەنە بىر بۇيرۇق ئۇنىڭغا قارشى بولماسلىقى ياكى بىر نەرسىنى چەكلەپ ئاندىن سەۋەبسىز ئۇنىڭغا شۇنداق ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى رۇخسەت قىلماسلىقى ياكى مەلۇم بىر ئىشنى بىر گۇرۇھقا ھارام قىلماي ياكى رۇخسەت قىلىپ ، يەنە بىرىگە ئۇنى ھارام قىلىدىغان بولماسلىقى كىرەك . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) الله دىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى . [ نىسا ( ئاياللار ) : 82 ]

5- دىن كىشىلەرنىڭ دىنىنى ، يۈز-ئابرۇيىنى ، مال-مۈلكىنى ، جانلىرىنى ۋە بالىلىرىنى ئەمىر-پەرمانلار ، چەكلىمە-توسۇقلار ۋە بۇ بەش پىرىنسىپىنى قوغدايدىغان ئەخلاقلارنى بىكىتىش ئارقىلىق قوغداشقا كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى كىرەك .

6- دىن ئىنسانلارغا رەھىم-شەپقەت بولۇشى ، ئۇلارنى ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش ياكى بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلىشتىن خالىي قىلىشى كىرەك . مەيلى ئۇ زۇلۇملار ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش بىلەن ، ياكى مال-مۈلكلەرنى كونترول قىلىۋېلىش بىلەن ، ياكى رەھبەر ، كاتتىلارنىڭ پۇقرالارنى ئازدۇرىشى بىلەن بولسۇن .ئاللاھ مۇساغا( ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) چۈشۈرگەن تەۋرات ئۆز ئىچىگە ئالغان رەھىم-شەپقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دىگەن : مۇسا غەزىپى بېسىلغاندىن كېيىن (يەردە ياتقان تەۋرات) تاختىلىرىنى ئالدى. ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە رەھىم-شەپقەت قىلىنىدۇ دەپ يېزىلغان ئىدى. [ ئەئىراف( ئىگىزلىك) : 154] ، ئاللاھ ئەيسانىڭ ( ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن)ئەۋەتىلىشى ھەققىدە مۇنداق دىگەن : ئۇنى كىشىلەرگە بەلگە ۋە بىز تەرەپتىن بولغان رەھىم-شەپقەت قىلىشىمىز ئۈچۈن .. [ مەريەم : 21] ، سالىھ( ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن)ھەققىدە مۇنداق دىگەن : « سالىھ ئېيتتى: ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى (يەنى پەيغەمبەرلىك) گە سازاۋەر بولسام ، [ ھۇد: 63] ، ھەمدە ئۇ قۇرئان ھەققىدە مۇنداق دىگەن : بىز قۇرئاننى شىپا ۋە ئىشەنگۈچىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىپ چۈشۈردۇق . [ ئىسرا( كېچىدە سەپەر قىلىش ):82]

7- ئۇ ئاللاھنىڭ قانۇنلىرى ھەققىدە يېتەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى ، ئىنسانغا ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدىكى مەقسىتىنى كۆرسىتىشى ھەمدە ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى ۋە قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بىرىشى كىرەك . ئاللاھ تەۋرات ھەققىدە مۇنداق دىگەن : ھەقىقەتەن ، بىز تەۋراتنى چۈشۈردۇق . ئۇنىدا يول كۆرسەتكۈچ ۋە نۇر بار . [ مائىدە ( داستىخان) : 44] ، ئىنجىل ھەققىدە مۇنداق دىگەن : ھەقىقەتەن بىز ئۇنىڭغا ئىنجىلنى بەردۇق . ئۇنىدا يول كۆرسەتكۈچ ۋە نۇر بار . [مائىدە ( داستىخان) : 46]

ئۇ قۇرئان ھەققىدە مۇنداق دىگەن : ئۇ بولسا ئەلچىسىنى يول كۆرسەتكۈچ ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى . [ تەۋبە:33 ] ، ھەق دىن ئاللاھنىڭ قانۇنلىرى ھەققىدىكى كۆرسەتمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە كۆڭۈلگەخاتىرجەملىك ۋە تىنىچلىقنى ئىلىپ كىلىدۇ . شۇندا ئۇنىڭدىن شەيتاننىڭ بارلىق ۋەسۋەسىلىرى ھەيدىلىدۇ . ھەمدە ئۇ بالىق سۇئاللارغا جاۋاپ بىرىدۇ ، بالىق قايمۇقۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بىرىدۇ .

8 – ئۇ ئەڭ ياخشى ئەخلاق ۋە ئىش-ھەركەتلەرگە چاقىرشى كىرەك . مەسىلەن ، راستچىللىق ، ئادىللىق ، ئىشەنچىلىك ، ھايالىق ، ئېپپەتلىك ، سېخىيلىق ۋە ھاكازالار . ھەمدە ناچار ئەخلاق ۋە ئىس-ھەركەتلەردىن توسۇشى كىرەك . مەسىلەن ، ئاتا-ئانىغا ئىتائەتسىزلىك قىلىش ، قاتىللىق ، ئەخلاقسىزلىق ، يالغانچىلىق ، زۇلۇم ، ناھەقچىلىك، بىخىللىق ۋە زىناخورلۇق قاتارلىقلار .

9- ئىشەنگۈچىلەرگە بەخىت ئىلىپ كىلىشى كىرەك . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : تا ھا ، بىز ساڭا قۇرئاننى سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن چۈشۈرمىدۇق .

[ تا ھا : 1-2 ] ، ئۇ ئادەملەرنىڭ ساغلام تەبىئىتىگە ماس كىلىشى كىرەك : ئاللاھنىڭ تەبىئىتى ، ئۇ ئىنسانلارنى ئۇنىڭ بىلەن

ياراتتى . [ رۇم : 30 ] ئۇ يەنە ساغلام ئەقىلگە ماس كېلىشى كېرەك ، چۈنكى توغرا دىن بولسا ئاللاھنىڭ قانۇنى . ھەمدە ساغلام ئەقىل بولسا ئاللاھنىڭ ياراتمىسى ، ھەمدە ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن ئۇنىڭ ياراتمىسىنىڭ بىر-بىرىگە زىت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

10- ئۇ ھەقىقەتنى كۆرسىتىشى ھەمدە باتىلدىن ئاگاھلاندۇرىشى كېرەك . توغرا يولغا باشلىشى ۋە ئازغۇنلۇقتىن قاچۇرىشى كېرەك . ھەمدە كىشىلەرنى ئەگرى-توقايلىقى بولمىغان توغرا يولغا چاقىرشى كېرەك . ئاللاھ بىزگە جىنلارنىڭ قۇرئاننى ئاڭلىغاندا ، بىر-بىرىگە مۇنداق دىگەنلىكىنى دەيدۇ : « ظذلار ظئيتتع: ظع قةۋمعمعز! هةقعقةتةن بعز مذسادعن كئيعن نازعل بولغان، ظذنعثدعن ظعلطضعرعكع كعتابلارغا ظذيغذن كئلعدعغان، هةق دعنغا ۋة توغرا يولغا باشلايدعغان كعتابنع (يةنع قذرظاننع) تعثشعدذق .» [ ئەھقاف: 30 ] ، ئۇ ئۇلارنى جاپا-مۇشەققەتكە قويىدىغان نىمىگە چاقىرماسلىقى كېرەك . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : تا ها ، بىز ساڭا قۇرئاننى سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن چۈشۈرمىدۇق . [ تاها : 1-2 ] ،ئۇلارنى ھالاكەتكە ئاپىرىدىغان نىمىگە بۇيرىماسلىقى كېرەك . ئۇ مۇنداق دىگەن : ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار . ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە تولىمۇ مېھرىبان بولدى . [ نىسا(ئاياللار ): 29 ] ئۇ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا ، ئۇلارنىڭ ئىرقى ، جىنسى ياكى قەبىلىسى سەۋەپلىك ئايرىمىچىلىق قىلماسلىقى كېرەك . ئۇ مۇنداق دىگەن : ظع ظعنسانلار! سعلةرنع بعز هةقعقةتةن بعر ظةر، بعر ظايالدعن، (ظادةم بعلةن هةۋۋادعن ظبارةت )بعر ظاتا بعر ظانعدعن ياراتتذق ظأز ظارا تونذشذشذثلار ظطحىن سعلةرنع نذرغذن معللةت ۋة ظذرذق قعلدذق، هةقعقةتةن ظةث تةقۋادار بولغانلعرعثلار اللةنعث دةرضاهعدا ظةث هرمةتلعك هئساصلعنعسعلةر (يةنع كعشعلةرنعث بعر-بعرعدعن ظارتذق بولذشع نةسةب بعلةن ظةمةس، تةقۋادارلعق بعلةن بولعدذ)، اللة هةقعقةتةن هةممعنع بعلطضحعذر، هةممعدعن خةۋةرداردذر .
[ ھۇجۇرات( ھۇجرىلار): 13 ]

ھەق دىندا كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇقلىقىنى ئايرىيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم بولسا ئاللاھتىن قورقۇش ياكى تەقۋادارلىق .

[ من كتاب الإسلام أصوله ومبادؤه تأليف د . محمد بن عبد الله بن صالح السحيم. ]